# 26714 ـ پەرز ھەجنى سەۋەبسىز كېچىكتۈرۈش توغرىسىدا

**سۇئال**

ھەج قىلىشقا قادىر بولۇپ تۇرۇقلۇق سەۋەبسىز پەرز ھەجنى كېچىكتۈرۈشنىڭ ھۆكمى نېمە؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ھەج قىلىشقا ماددى ۋە سالامەتلىك تەرەپتىن قادىر بولۇپ تۇرۇپ، پەرز ھەجنى سەۋەبسىز كېچىكتۈرگەن كىشى كەسكىن خاتالاشقان ۋە چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان بولىدۇ. ئۇ كىشى بۇ قىلمىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىش بىلەن بىرگە تېزدىن پەرز ھەجنى ئادا قىلىشقا يۈزلىنىشى كېرەك. چۈنكى بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَلِلَّـهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلًا ۚ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ اللَّـهَ غَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَتەرجىمىسى: قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر. [سۈرە ئال ـ ئىمران 97-ئايەت].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلدى: 1-بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەقنىڭ يوقلىقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى ۋە راستچىل ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە چىن دىلىدىن گۇۋاھلىق بېرىش. 2- بەش ۋاقىت نامازنى بەرپا قىلىش. 3- مال-مۈلكى نىسابىغا يەتسە زاكات بېرىش. 4- ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش. 5-بەيتۇللاھقا بېرىپ-كېلىشكە قۇدرىتى يەتكەن كىشى ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىشتۇر. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، جەبرائىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئىسلام توغرىدا سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئىسلام دېگەن: بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەقنىڭ يوقلىقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئىمان قەلتۇرۇشۇڭ، نامازنى بەرپا قىلىشىڭ، زاكات بېرىشىڭ، رامىزان روزىسىنى تۇتۇشۇڭ، قادىر بولالىساڭ ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ كېلىشىڭ قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر، دەپ جاۋاپ بەرگەن. [ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى].

ئاللاھ تائالا توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلسۇن.